38221 ـ رامىزان ئېيىنىڭ ھەممىسىدە ئۆمرە قىلىش ياخشى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

سۇئال

رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئۆمرە قىلىش ئەۋزەلمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

تەپسىلى جاۋاپ

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىدا ئۆمرە قىلىشقا ئالاھىدە رىغبەتلەندۈرگەن، بۇ توغرىدا ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رامزاندا قىلغان ئۆمرە ھەجگە باراۋەر بولىدۇ» [بۇخارى رىۋايىتى 1782–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1256–ھەدىس].

ھەدىسنىڭ مەزمۇنى رامزاننىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەرگىزمۇ رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنى خاس قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.